# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 7 - ئاي

31

چارشەنبە

维吾尔文 7月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى

CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24773 - سان بۈگۈن 4 بەت


نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

### شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

لى كېچياڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جىڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭنەنخەيدە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

### نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىساد خىزمىتىنى ئانالىز قىلدى، تەتقىق قىلدى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى» ۋە «19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات»نى قاراپ چىقتى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلدى، تەتقىق قىلدى، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى» ۋە «19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - نۆۋەتلىك كۆزىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئۇنىۋېرسال دوكلات»نى قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: بۇ يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىس كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن مۇرەككەپ ۋەزىيەتكە قارىتا، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ماكرو سىياسەتنى تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەشنى مۇۋاپىق پەيتتە، مۇۋاپىق يولغا قويۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملاشتۇردى، ئاساسلىق ماكرو ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلىدى، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋاملىق چوڭقۇرلاشتى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىرقەدەر يېتەرلىك بولدى، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلدى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈپىتى داۋاملىق ئۆستى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان ئاكتىپ ئامىللار كۆپەيدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يېڭى خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا دۇچ كەلدى، دۆلەت ئىچىدە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايدى، جەزمەن كۆلپەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇزاق مەزگىللىك ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەپ، ئاساسلىق زىددىيەتنى تۇتۇپ، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

■ كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشتەك ئومۇمىي پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىن ئىبارەت ئىككى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېچىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ - خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

■ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا جەزمەن قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جەزمەن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتە جەزمەن قاتتىق بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈزۈمنىڭ مۇتلەقلىقىنى تىكلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) لار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى نازارەت قىلىش مەخسۇس مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. پارتىيەنىڭ خىزمەت ئورگانلىرى مەۋقەنى ئۆز ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە قويۇپ، دادىللىق بىلەن جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك

■ كۆزىتىش، تۈزىتىش ۋە نەتىجىنى تەتبىقلاشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەت ۋە نازارەتچىلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تۈزىتىشنى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، كۈندىلىك نازارەت قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك

# مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچلۈك تۈرتكە بولايلى

### —— نۆۋەتتىكى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولدى، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش بولدى!

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئانالىز قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات دۇچ كەلگەن يېڭى خەۋپ - خەتەر ۋە خىرىسنى كۆرسىتىپ بەردى، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل. دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار كۆرۈنەرلىك كۆپىيىۋاتقان مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، ئالدىنقى يېرىم يىلدا دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 45 تىرىليون يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 6.3% ئاشتى، ئاساسلىق ماكرو ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ مۇۋاپىق ئارىلىقنى ساقلىدى، ئىستېمالنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇشتىكى «ئاساسىي موتور»لۇق رولى تېخىمۇ گەۋدىلەندى، ئىچكى ئېھتىياجنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى يەنىمۇ ئاشتى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ سەۋىيەسى ۋە سۈپىتى داۋاملىق ئۆستى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان ئاكتىپ ئامىللار كۆپەيدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يەر شارىۋى ئىقتىسادنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلىغان، دۆلەت ئىچى ئىقتىسادىنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى زورايغان ئەھۋالدا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى يەنىلا مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەشنى ساقلاپ، ئېشىش سۈرئىتى دۇنيادىكى ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ غايەت زور ئېلاستىكلىقى، يوشۇرۇن كۈچى ۋە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىنى نامايان قىلدى.

چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە، بىزنىڭ بۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز تولىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، پۇختا پىلان تۈزۈپ يىراقنى كۆزلەپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن توغرا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش شىنجاڭ مەخسۇس مەيدان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

### شۆھرەت زاكىر ئاخبارات ئېلان قىلدى ھەم ئالاقىدار سوئاللارغا جاۋاب بەردى

مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لېي، سۈي يۈنيەن، لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭشىن بۇرۇن، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش تېمىسىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش شىنجاڭ مەخسۇس مەيدان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاخبارات ئېلان قىلدى.

شۆھرەت زاكىر ئاخبارات ئېلان قىلغاندا مۇنداق دېدى: شىنجاڭ سېھىرلىك ھەم گۈزەل جاي، قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ جاينىڭ يېرى كەڭ، بايلىقى مول، تارىخى ئۇزاق، مەدەنىيىتى چوڭقۇر، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆپ خىل مەدەنىيەت گىرەلەشكەن، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رايون، شەرق - غەرب مەدەنىيلىك ئالماشتۇرۇشتىكى مۇھىم يول. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قوللىشىدا، شىنجاڭ ۋەتەن بىلەن بىرلىكتە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئورتاق ئۆسۈپ يېتىلىپ، تەرەققىي قىلىپ ئىلگىرىلەش، گۈللەپ ياشناش داغدام يولىدا مېڭىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە رىشتە باغلاپ، شىنجاڭ خىزمىتىگە نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىدۇق، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار رايىش بولۇپ، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال - خۇرام ئىشلەپ تۈرلۈك ئىشلار گۈللەپ ياشناپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)




7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى ئۇيۇشتۇرغان «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش تېمىسىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش شىنجاڭ مەخسۇس مەيدان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاخبارات ئېلان قىلدى. □مۇخبىرىمىز لۇ مىنيى فوتوسى

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈپ چىقايلى

□گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش، ۋەتەن ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇش» باش تېمىسىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش شىنجاڭ مەخسۇس مەيدان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن، شىنجاڭ دۇنياغا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۇقتىلىق تۈرلىرىدە قۇرۇلۇش تېزلەشتى

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭىدىن ئىش باشلىغان ۋە داۋاملىق قۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ھەردەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشقان.

بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايون 48 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلاپ قۇرۇلۇش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، جەمئىي 8 مىليارد 959 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملىدى. بۇلار ئاساسلىقى: G3018 لىنىيەسىنىڭ جىڭ - ئالاتاۋ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، S20 ۋۇگۇڭتەي - قاراماي يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش 220 كىلوۋولت ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى تورى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قۇرۇلۇشى تورى، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەنەنچۈي يولىنى شەھەرلەشتۈرۈپ ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار بار.

يېڭىدىن ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئاساسلىقى كەسىپ، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە مەركەزلەشكەن.

«شىنجاڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانىنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۆمۈريول تۈرى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تۆمۈريول ئۇل ئەسلىھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى كۈچەپ تولۇقلىدى. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايون نۇقتىلىق داۋاملىق قۇرۇلىدىغان تۆمۈريول تۈرىگە 4 مىليارد 981 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى تارماق لىنىيە تۆمۈريولىغا 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملىنىپ، كۆۋرۈك، يول ئۇلى قۇرۇلۇشىدا ئومۇمىي قۇرۇلۇش مىقدارىنىڭ 95%تىن كۆپرەكى تاماملاندى؛ كورلا - گولمۇد تۆمۈريولىغا 1 مىليارد 477 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملىنىپ، يول ئۇلى، كۆۋرۈك ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، تونېل ياساش، رېلىس ياتقۇزۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ؛ ئالتاي - كۆكتوقاي - شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىغا 1 مىليارد 50 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)